# ئۆمەر روزىنىڭ گۇۋاھلىقى

ئەر، 50 ياش

1. مەن 1970- يىلى 27- سېنتەبىر جۇڭگونىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقسۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. مەن بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان. مەن خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان. جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ئائىلەمگە قىلغان تەھدىتى مېنىڭ نورۋېگىيەدىكى ھەرىكىتىمگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

**جۇڭگودىكى تۈرمە ھاياتىم ۋە قىيىن-قىستاقلار**

2. مەن 12 ياش ۋاقتىمدا ئىسلام دىنىدا ئوقۇشنى باشلىدىم. 1990- يىلى قارى بولغۇچە داۋام قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن يۇرتۇمدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. مەن بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان.

3. 1993- يىلى، 3 يىل سودا قىلغاندىن كېيىن، مەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە باردىم. بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلىشىم ئىدى. مەن يولغا چىققاندا، مەن تۇرۇشلۇق جايدىكى ئەيسا ئەپەندىم مەندىن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھۆسەن قارىھجىمغا كونۋېرتتا بىر نەرسە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ماڭا ئىچىنى ئاچماسلىقىمنى ئېيتتى. مەن ئۇ كىشىگە ۋاسىتىلىك ھالدا باشقا بىر كىشى ئارقىلىق يەتكۈزدۈم.

4. مەن 1993- يىلى جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو دائىرىلىرى مېنى قەشقەردىكى بىر ئاپتوبۇس بېكىتىدە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. مەن قەشقەردە 1 ئاي تۈرمىدە ياتتىم. ئۇ يەردە مېنى ئۇرۇپ سوراق قىلدى. مەن دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش بىلەن ئەيىبلەندىم. كېيىن مەن توقسۇ (مېنىڭ يۇرتۇم) دىكى تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىندىم. ئۇ يەردە خىتاي مېنى يەنە قىينىدى. مەن ئۇ يەردە 6 ئاي سولاندىم. ئائىلەمدىكىلەر باشلىقلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق مېنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن 1 ئاي ئەركىنلىككە ئېرىشتىم.

5. كېيىن يەنە ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمەي 2 ئايلىق تۇتۇلدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، مېنى ئۈرۈمچى 1- تۈرمىسىگە (باجياخۇ تۈرمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يۆتكىدى ۋە قىيىن - قىستاققا ئالدى. بىرەيلەن پۈتۈمنى تۆمۈر بىلەن ئۇردى. سوراق جەريانىدا ئۇلار مەندىن نېمە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىقىمنى سورىدى. مەن كونۋېرتتا نېمە بارلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن ھەر بىر ئەيىبلەشنى رەت قىلدىم. ئۇلار تىرناقلىرىمنى يۇلۇپ قىيناشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار مېنى ئىككى قېتىم سۇ تۈرمىسىگە ئېلىپ باردى، ھەر قېتىمدا 3 كۈن سولاندىم.

6. مەن نورمال تۈرمىگە قايتۇرۇلدۇم. بۇ تۈرمە كامېرىمدا 3-4 ئۇيغۇر ۋە 2 خىتاي مەھبۇس بار ئىدى. ھەر 2 ھەپتىدە، تۈرمە ساقچىلىرى كامېرىمىزغا كىرىپ، ئۇيغۇر مەھبۇسلارنى ئۇراتتى. مېنىڭ ئوبۇلقاسىم دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر كامېردىشىمنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدا بىر پارچە مېتال بار بولۇپ، ئۇ مېتالنى كامېردىكى سىمونت يەرگە سۈركەپ ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ ساقلاپتىكەن. ئوبۇلقاسىم بۇنىڭ بىلەن تۈرمە قاراۋۇللىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بوپتىكەن. ئەمما ئۇ مەغلۇپ بولۇپ، نەتىجىدە بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا پۈتۈن بىر دېسكا ئوققا تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ گۆشلىرى كۈكۈم - تالقان بولۇپ، پۈتۈن كامېرغا چاچراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى يىغىش ئۈچۈن ماڭا 2 ئەخلەت خالتا بەردى ۋە مېنى مەجبۇرلاپ تازىلاتتى.

7. ئاندىن مەن ئۆرۈمچى 1- تۈرمىسىگە تاشلاندىم. ئۇ يەردە كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئارانلا 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان كىچىككىنە يالغۇز كىشىلىك قاماقخانىغا سولاندىم. بۇ كامېردا مەن بىر يىل ياتتىم. ئۆرە تۇرغىلى بولمايتى ھەم قاراڭغۇ. بىر يىلدىن كېيىن باشقا كامېرغا يۆتكەلگەندە مەن بىر ئايدىن ئارتۇق پەقەت ماڭالمىغان. تاماقنى بېرىپ ساقلاپ تۇراتتى 4 مىنوتقىچە قاچىنى قايتۇرۇپ بەرمىسەم ئۈچ كۈنگىچە تاماق بەرمەيتى. شۇڭا تاماقنىمۇ يېگىلى بولمايتى تۈزۈك.

8. بىر يىلدىن كېيىن، مېنى ئۆرۈمچى 3- تۈرمىسىگە يۆتكىدى. بۇ يەردە بېشىمغا سۇ تېمىتىپ قىينايتى. بۇ قيىناش ئۇسۇلى چېچىمنى چۈشۈرۈپ مېنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ پۈتۈن بەدىنىمنى باغلاپ، بېشىمنى قاتتىق مۇقۇملاشتۇرۇپ مىدىر سىدىر قىلالمىغۇدەك قىلىپ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىن سۇنى تامچىلاپ بېشىمغا تېمىتاتتى. نەچچە تامچە تېمىغاندىن كېيىن سۇ خۇددى بېشىمغا توخماق بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق چۈشەتتى. ھەر قېتىمدا 3، 4 سائەت داۋاملاشتۇراتتى. بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم ھوشۇمدىن كەتكەن. بىر قېتىملىق سوراق جەريانىدا پۈتۈمغا قاتتىق ئۇرۇپ سۇندۇرىۋەتتى.  ئۈچۈرۈلدى ئارقى (https://en.wikipedia.org/wiki/Chinese_water_torture)

مېنى بىر ئۇيغۇر ۋە ئۈچ خىتاي چاقچى قىينىغان ئىدى.

9. بىر قېتىم، ئۇلار زەكىرىمنىڭ ئىچىگە ئېلېكتىرلىك بىر خىل سىم تىقتى. كونۇپكىسىنى باسسا ئۇ سىم تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئىچكى تەرەپنى يىرتىپ چىقىدىكەن. ئۇلار ئۇنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىچىدىن گۆشلىرىم بىللە تىتىلىپ چىققان ئىدى. بۇ قيىناشتىن كېيىن، 5-6 ئايغىچە كىچىك تەرەت قىلغاندا بەك قىينالدىم. چىدىغۇسىز دەرىجىدە  ئاغرىيتى.

10. بىر قېتىم، بىر ئايال ساقچى قولۇمنى باغلاپ پەلەمپەيدىن ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ: «سىياسىي مەھبۇسلار مەينەت، مەن ئەمدى قولۇمنى پاكىز يۇيۇشىم كېرەك» دېگەن ئىدى.

11. ئۇلار پۈتۈمنى سۇندۇرىۋەتكەندە، ئائىلەمدىكىلەر پۇل خەجلەپ (يەنى پارە بېرىپ) مېنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتقان ئىدى. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، دوختۇرخانىدىكى بىر دوختۇر نەۋرە ئاكام ئەنۋەر تۇرسۇننىڭ دەۋىتى بىلەن مېنىڭ قېچىشىمغا ياردەم بەردى. مەن قانۇنسىز  ھالدا خىتاينىڭ سانجى شەھىرىدە 2 ئاي يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم. سانجىدا 2 ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قازاقىستانغا قېچىپ كەتتىم. مەن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن نەۋرە ئاكام ئەنۋەر تۇرسۇننى 8 يىللىق كەستى ۋە كېيىن تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

12. 1999- يىلى، مەن قازاقىستاندا يوشۇرۇنۇپ 2 ئاي تۇرغاندىن كېيىن تۇتۇلۇپ قالدىم. مېنى قازاقىستان ساقچىلىرى خىتاي دائىرىلىرىگە كۆرسەتتى. بۇ بىر جۈمە كۈنى ئىدى. ھەپتە ئاخىرىدا "ئۆتكۈزۈپ بېرىش" بىر تەرەپ قىلىنمىغاچقا، ئۇلار مېنى دۈشەنبە كۈنى جۇڭگوغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قازاقىستان ساقچىلىرىنىڭ دېيىشىچە، جۇڭگو مەن ئۈچۈن قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە 10 مىليون دوللار تۆلەيدىكەن. مەن قاراۋۇللار بىلەن سودىلىشىشقا باشلىدىم ۋە ئۇلارغا پارا بېرىپ قۇتۇلدۇم. 2000- يىلى، مەن روسىيە، فىنلاندىيە ۋە شىۋىتسىيە ئارقىلىق نورۋېگىيەگە قېچىپ كەلدىم ۋە سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم.

**جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ئائىلەمدىكىلەرگە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ماڭا تەسىر كۆرسىتىشى**

13. 2008- يىلى مەن نورۋېگىيەدە ئىدىم. شۇ يىلى ئاپامنى خىتاي دائىرىلىرى مەجبۇرى ئۆزلىرى ھەجگە ئاپاردى. ئۇ جۇڭگو بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بىر قانچە ئەزالىرى بىلەن بىللە ھەجىگە كەلدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ كۈندە 3 قېتىم ماڭا تېلېفون قىلىپ، جىددەدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندىم. مەن باشتا بارىمەن دېدىم، ئەمما ھەجدىن 3 كۈن بۇرۇن، مەن بارالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئانام بىلەن شۇ تېلېفون نومۇرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكىنىمدە، بىرەيلەننىڭ ئاپامغا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم ۋە شۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ تېلېفوندا قايتا تېلېفون قىلىپ ئالالمىدىم. ئاندىن مەن بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. ئاپام ھەجنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ماڭا بىر ئۇيغۇر رېستورانىدىن تېلېفون قىلدى. مەن ئۇنى ھەجگە بارغان نورۋېگىيەلىك بىر تۈرك دوستۇم بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇلار كۆرۈشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا 20 دەك جۇڭگونىڭ مەخپىي خادىملىرى ئۇلارنى سۈرەتكە تارتقان ئىكەن. ئۇلار بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئاپامدىن كۆپ سوئال سوراپتۇ. ئاپام جۇڭگوغا قايتىپ كېتىپ، 2015- يىلى ۋاپات بولدى.

14. مەن ئىلگىرى ئاكام ۋە ئاچام بىلەن دائىم پاراڭلىشالايتتىم. بەزىدە ئاچام بىلەن كۈندە ئىككى قېتىم پاراڭلىشاتتىم. 2016- يىلى 2- ئايدا، جۇڭگو دائىرىلىرى ئاچام ۋە ئاكامغا پاسپورت تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى تۈركىيەدە مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە قىستىدى. 2016- يىلى 4- ئايدا، ئاكام ۋە ئاچام ئۈچىمىز تۈركىيەدە كۆرۈشتۇق. بىز 9 كۈن بىللە بولدۇق ۋە پاراڭلاشتۇق. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، مەن ئىككى قېتىم ئاكامغا تېلېفون قىلدىم. ئەمما ئاكام ماڭا تېلېفون قىلماڭ دېدى. ئاكام قىزىمنىڭ ئۈندىدارىغا ئۇچۇر ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشماسلىقىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن 2016- يىلى 7- ئايدىن بېرى ئالاقىلىشالمىدىم.

15. 2017- يىلى 1- ئايدا، ماڭا نومۇرسىز بىر تېلېفون كەلدى. ماڭا تېلېفوندا ئاكام ۋە ئاچام بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلارتېلېفوننى دەرھال قويۇۋەتتى. تېلېفون قويۇلغاندىن كېيىنلا، ئۈندىداردا ۋېدىئولۇق تېلېفون چاقىرىقى كەلدى. مەن ئۈندىدار سىن تېلېفوننى ئالغىنىمدا ئاكام بىلەن ئاچام ئېسىغلىق تۇراتتى. سىنلىق تېلېفوندىكى ساقچىلار ماڭا 4 شەرت قويدى. 1-شەرت: نورۋېگىيەدە مەسچىت سېتىۋالمايسەن. 2-شەرت: چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان يېقىن جايغا بارمايسەن. 3-شەرت: سەن تۈركىيەدىكى ھەر قانداق تەشكىلاتقا پۇل ئەۋەتمەيسەن. 4-شەرت: سەن نورۋېگىيە ساقچىسى بىلەن رەسىمگە چۈشۈپ بىزگە ئەۋەتىسەن. شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئاكاڭ ۋە ئاچاڭنى قويۇپ بېرىمىز. ئاكام بىلەن ئاچام ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنى سىنغا ئېلىۋېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئەڭ ئاخىرقى ئاڭلىغىنىم ئاكام بىلەن سىڭلىمنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى بولدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەر ئالالمىدىم.

16. ئاكامنىڭ ئىسمى مۇھەممەتئېلى روزى (62 ياش - ئۇ تىككۈچى، كېيىن سودىگەر بولغان). ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى غايىب بولدى (جەمئىي 8 ئادەم). ئاچامنىڭ ئىسمى رىسالەت روزى (54 ياش - سودىگەر ئايال). ئاچاممۇ غايىب بولدى (جەمئىي ئائىلىسىدىن 5 ئادەم). مېنىڭ يەنە بىر ئىنىم ئەخمەتجان روزىنىڭ روھىي كېسىلى بار ئىدى - ئۇمۇ غايىب بولدى. يەنە بىر ئىنىم ئوسمانجان روزى (سودىگەر) مۇ غايىب بولدى (جەمئىي ئائىلىسىدىن 4 ئادەم). مېنىڭ يەنە بىر ئىنىم ياسىنجان روزىنىڭ 4 بالىسى بار. ئۇ قوشكېزەك بالىلىرىنى 2 يىل يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بالىلارنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، ئۇ 50 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى غايىب بولدى (جەمئىي ئائىلىسىدىن 6 ئادەم) كىچىك ئۇكام ئابلىكىم روزى ئۇمۇ غايىپ بولدى، ئىككى بالىسى بار ئىدى (جەمئىي ئائىلىسىدىن 4 ئادەم). باجام ئابلىكىم قاسىم مەندىن پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن سانجىدا 15 يىللىق تۈرمىگە قامالغان. ئىسلام ئىنىستىتۇدىكى نەۋرە ئاكام ئابلىز ئابدۇللا 7 يىللىق كېسىلدى. ئابلىز ئابدۇللانىڭ ئىنىسى 4 يىللىق كېسىلدى. نەۋرە ئىنىم مۇھەممەتقان غوپۇر قۇرئان يادلىغانلىقى ئۈچۈن 15 يىللىق كېسىلگەن. مەن بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى قازاقىستاندىكى بىر كىشىگە پۇل بېرىپ، ئۇقتۇم. ئۇ ماڭا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ كىشىنىڭ قازاقىستان پاسپورتى بار بولۇپ، ئائىلەمدىكىلەر ئولتۇراقلاشقان جايغا بېرىپ

ئەتراپتىكىلەردىن سورىدى ۋە ماڭا بۇ ئۇچۇرلارنى يەتكۈزدى. مەن يەنە بۇ كىشىدىن بىزنىڭ ئۆينىڭ چېقىلىپ باغچىغا ئايلاندۇرۇلغانلىقىنىمۇ بىلدىم.

مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئادرىسى يەنى چېقىپ تۈزلىۋېتىلگەن ئۆيلەرنىڭ ئادرىسى توخسۇ ناھىيە، توخسى بازار ئىچى، خەلق كوچا 30 قورو ئىدى. ھازىر ئۇ يەر باغچىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىپتۇ.